# قەدىمكى ئىلى — ئۈرۈمچى يولى

نىياز كېرىمى

قەدىمكى ئىلى — ئۈرۈمچى يولى 2000 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە. مىلادى ئەسىردە ئېچىلغان قاش قوۋۇق (خەنزۇچە يۈيمىنگۈەن دەپ ئاتىلىدۇ، تارىختا شىنجاڭنىڭ قاش تېشى مۇشۇ قوۋۇق ئارقىلىق ئىچكىرىگە توشۇلاتتى. شۇڭا قاش قوۋۇق دەپ ئاتالغان)، قۇمۇل، تۇرپان، ئۈيسۈن (ئىلى)، سەمەرقەند ئارقىلىق ئىرانغا ۋە باشقا غەرب ئەللىرىگە بارىدىغان يىپەك يولىنىڭ شىمالىي قىسمىمۇ مۇشۇ يولنى ئاساس قىلغان. هازىرقى ئىلى — ئۈرۈمچى تاشيولى ئەنە شۇ قەدىمى يول لىنىيىسىنى بويلاپ ياسالغان. بۇ شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ شۇنداقلا جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەرب ئەللىرى بىلەن ئۆز ئارا دوستانە بېرىش - كېلىش، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئەينى يىللاردا بۇ يولدا تۆگە (تۆگە ئوتتۇرىچە 280 كىلو گىرام يۈك كۆتىرىدۇ)، ئات، خېچىر، ئېشەك، هارۋىلار ئارقىلىق قاتناش ئېلىپ بېرىلاتتى. جۇڭگونىڭ يىپەك مال، پار - پۇر بۇيۇملىرى ۋە تۇرپان ئۈزۈمى قاتارلىق داڭدار ماللىرى مۇشۇ يول بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەرب ئەللىرىگە چىقىرىلاتتى. غەرب ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سانائەت بۇيۇملىرى مۇشۇ يول بىلەن كىرگۈزۈلەتتى. شۇنداقلا مۇشۇ يول ئارقىلىق ئىلى ئېتى، بۇغا مۈڭگۈزى، تۆگە، خېچىر، دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلاتتى. ئىلى رايونىدىن ئۈرۈمچىگە ئاشلىق، گۆش، ماي، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ئات، كالا ۋە قوي قاتارلىقلار ئۈزۈلمەي توشۇلاتتى. ئۈرۈمچى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئىلى رايونىغا يىپەك ماللار، پار - پۇر بۇيۇملار، كۆچمەنلەر، سۈرگۈن قىلىنغانلار ۋە ھەربىي ئەشيالار توشۇلاتتى. لىن زېشۈيگە ئوخشاش تارىخىي شەخسلەرمۇ مۇشۇ يول ئارقىلىق ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان. سادىر پالۋان، ئېلاخۇن كۆككۆز قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەرمۇ مۇشۇ يول ئارقىلىق ئۈرۈمچى ۋە قۇمۇللارغا سۈرگۈن قىلىنغان.

XV ئەسىردىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ تېرە - يۇڭ، ئۈچەي، ئات، كالا، قوي، كان مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق خام ئەشيالىرى مۇشۇ يول ئارقىلىق روسىيىگە چىقىرىلىشقا باشلىدى، شۇنداقلا مۇشۇ يول ئارقىلىق روسىيىنىڭ سانائەت بۇيۇملىرى بولۇپمۇ يىپنىڭ سانائەت بۇيۇملىرى شىنجاڭغا كۆپلەپ كىرىشكە باشلىدى.

ئىلى رايونى ئىلى — ئۈرۈمچى يولىنىڭ غەربىي ئۇچىغا يەنى يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا جايلاشقان ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. تارىختا ئىلى رايونى شىمالدا بالقاش كۆلى بىلەن، غەربتە چۇ دەرياسى ۋە تالاس ئېقىنلىرى بىلەن، شەرقتە جىڭ (ئۇ چاغلاردا جىڭ ئۈرۈمچىگە تەۋە ئىدى) بىلەن، شەرقىي شىمالدا تارباغاتاي بىلەن، جەنۇبتا ئاقسۇ بىلەن چېگرىلىناتتى. شەرقتىن غەربكە 1500 يول، جەنۇبتىن شىمالغا 1100 يولدىن ئاشاتتى.

تارىخىي ماتېرىياللاردا، ئىلى رايونىدا مىلادىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن تارتىپ، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي قوۋملەر ياشاپ كەلگەنلىكى بايان قىلىنغان. ئىلى رايونى تارىختا دەريانىڭ نامى بىلەن ئاتىلاتتى. (ئىلى بىر دەريانىڭ ئىسمى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم، 124 - بەت) «ئىلى چايى» تۈركچە مەشھۇر دەريا دېگەن سۆز.

ئۇيغۇرلار مىلادىدىن III ئەسىر ئىلگىرىكى چاغلاردىلا ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان. «V ئەسىردە سېلىنغان، شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ئالمىلىق شەھىرىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى ئۇيغۇرلار بولغان.»

« ئالمىلىق شەھىرى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا سودىسى ئىنتايىن گۈللەنگەن شەھەر ئىدى. ھەر تەرەپتىن كەلگەن سودىگەرلەر بۇ يەردە ئۇچرىشاتتى. ئالماشتۇرۇلىدىغان تاۋارلارمۇ بۇ شەھەر ئارقىلىق ھەر تەرەپكە توشۇلاتتى.». «ئالمىلىق ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىن يەتتىسۇنى بېسىپ موڭغۇلىيىگە، غەربىي سىبىرگە، ئېرتىشنىڭ يۇقىرقى ئېقىمىغا بارىدىغان كارۋان يولىدىكى ناھايىتى چوڭ سودا مەركىزى بولغان. ئۇ چاغدا بۇ ئەتراپنى ھۇن، ئۇيسۇن قەبىلىلىرى باشقۇرغان. كېيىن ئۇنىڭغا تۈرك، كىدان، موڭغۇل قەبىلىلىرى ماكانلاشقان». ئالمىلىق شەھىرى ئاۋات خەلقئارا شەھەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چەت ئەل تارىخ كىتابلىرىدا ئالمىلىق شەھىرىنى ساياھەت قىلغانلىغا دائىر نۇرغۇن خاتىرىلەر بار. بۇ شەھەر شەرق بىلەن غەربنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئۇ چاغدىكى يىپەك يولى ئىلى — ئۈرۈمچى يولى بىلەن ئالمىلىق شەھىرىگە، ئاندىن كېيىن غەربكە داۋاملىشىپ ياۋروپاغا ئېلىپ باراتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئالمىلىق مۇز داۋان ئارقىلىق تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ قارا خانىلار پايتەختى قەشقەرگە، خوتەن ۋە ھىندىستانلارغا، باي، قىزىل مىڭئۆي، كۇسەن، بۈگۈر قەدىمىي شەھىرى، رورەن ۋە دۇنخۇاڭ ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان يوللارنىڭ تۈگۈنى ئىدى.

# غۇلجا شەھىرى

غۇلجا شەھىرى ئىلى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن 640 مېتىر ئېگىز. ھاۋاسى مۆتىدىل، تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى مول. ھازىرقى غۇلجا شەھىرى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى ۋە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ھەر قايسى جەھەتلەردىن تەرەققىي قىلغان، گۈزەل باغۇ - بوستانلىق ئاۋات شەھەر. غۇلجىنىڭ نامى ئەسلى موڭغۇلچە «غولزۇ» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن بولۇپ، «تاغ قوشقىرى» دېگەن مەنىدە.

غۇلجا شەھىرىنىڭ سېپىلى 1760 - يىلىدىن باشلاپ سوقۇلغان. 1762 - يىلى چىڭ ھاكىمىيىتى ھازىرقى غۇلجىغا مۇسۇلمانلار ئىشىنى باشقۇرىدىغان مەھكىمە — «ئىلى گۆڭ بەگلىك مەھكىمىسى» تەسىس قىلدى. ئىمىن ۋاڭنىڭ ئوغلى موسا ھاكىمبەگ بولدى.

1888 - يىلى 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئىلى - تارباغاتاي ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغاندا مەھكىمە غۇلجىدا قۇرۇلدى ئىلى ئامبال مەھكىمىسى. جىڭ ۋە تارباغاتايلار ئىلى - تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. جۇڭخۇا مىنگو يىللىرىغا كەلگەندە «ئىلى مەمۇرى رايونى» غا ئۆزگەردى. 1944 - يىلى نويابىردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ 1945 - يىلى يانۋاردا غۇلجا پۈتۈنلەي ئازاد بولدى. 1952 - يىلى غۇلجا شەھىرى قۇرۇلدى. 1954 - يىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلۇپ، غۇلجا ئوبلاست مەركىزى بولدى. ئىلى، ئالتاي ۋە چۆچەكلەر ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قارايدىغان بولدى.

ھازىرقى غۇلجا شەھىرى غۇلجىدىن ئۈرۈمچى، ئالتاي، چۆچەكلەرگە، قورغاس ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە غەرب ئەللىرىگە، قەدىمكى مۇز ئارت داۋىنى ئارقىلىق تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا بارىدىغان يوللارنىڭ تۈگۈنى. 80 - يىللاردا يەنە تەلەمەت داۋىنى ئارقىلىق كۇچاغا بارىدىغان قەدىمكى كارۋان يولىنى بويلاپ تاشيول ياسىلىپ قاتناش باشلاندى. ئىلى دەرياسىنىڭ سۇ قاتنىشىمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە. 50 - يىللاردا، ئىلى دەرياسىدا بىر قانچە يىل چەت ئەل سودا پاراخوتلىرى قاتناتقانىدى، يەنە ھاۋا قاتنىشىمۇ خېلى بۇرۇن باشلانغان. 1985 - يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە غۇلجا شەھىرىدە 237 مىڭ 200 نوپۇس بار، 1973 - يىلىدىكى مەلۇماتتا غۇلجىدىكى ئۇيغۇرلار 51.4 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ.

قەدىمكى ئىلى — ئۈرۈمچى يولى غۇلجا شەھىرىنىڭ كۈرە دەرۋازىسىدىن چىقىپ باياندايغا كېلەتتى.

بايانداي. بايانداي بىلەن غۇلجىنىڭ ئارىلىقى 25 يول كېلىدۇ. بايانداي قەلئەسى 1766 - يىلى سېلىنغان بولۇپ، بۇ يەردە ھەربىي قوشۇن ۋە قوشۇن باشقۇرغۇچى ئامبال تۇرغۇزۇلغان. 1864 - يىلى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ سەركەردىسى سادىر پالۋان شۇ يىلى ئىيول ئېيىدا 5000 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچىغا باشلامچىلىق قىلىپ، يىراقتىن لەخمە كولاپ سېپىلنى پارتلىتىپ بايانداي قەلئەسىنى ئالغان. ئەرك سۆيەر ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئۆز قەھرىمانى سادىرنى مەدھىيىلەپ تۆۋەندىكى قوشاقنى قوشقان:

چىقىپ سادىر پالۋان، پىلتە بىلەن ئوت ياقتى،
قولغا ئالدى تېشىشنى. قىلىپ ئوبدان ئېپىنى.
كولاپ سېپىل تېگىنى، گۈمبۈرلىگەن ئوت بىلەن،
كۆمدى كولاپ دورىنى. ۋەيران بولدى سېپىلى.

ھازىرقى بايانداي غۇلجا شەھىرىگە قارايدىغان بايانداي يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ. 1986 يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە باياندايدا 142مىڭ نوپۇس بار.

يانبۇلاق. يانبۇلاق 62 يول كېلىدۇ. شۇ يەرگە كەلگەندە يول غەربكە بۇرۇلىدۇ.

ئىلىدىن چىقىپ كېلىپ،
يانبۇلاقتىن قايرىلدۇق،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جايلاردىن،
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇق.

دېگەن مىسرالار يولنىڭ يانبۇلاققا كەلگەندە بۇرۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

كۈرە. كۈرە. 76 يول. غۇلجىدىن چىققان ھارۋا كۈرەدە قونىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 610 مېتىر ئېگىز، غۇلجا شەھىرىدىن 30 مېتىر تۆۋەن. ئەسلىدىكى كۈرە قەلئەسى 1863 - يىلى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىغا، دەريا ياقىسىغا سېلىنغان بولۇپ، ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى ۋە سۇ ئاپىتى تۈپەيلىدىن 1871 - يىلغا كەلگەندە پۈتۈنلەي خارابىلىققا ئايلانغان: يېڭى كۈرە 1882 - يىلى ئىلى چار روسىيىدىن قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن بۇرۇنقى ئورۇندىن شىمالىغا، يەنى 15 يول كېلىدىغان يەرگە

قايتمىدىن سېلىنغان. ئۇ ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىدە، ئىلى جاڭجۇن يامۇلى شۇ قەلئەدە ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ ئالتاي رايونىدىن باشقا جايلىرىنىڭ ھەممىسى جۇملىدىن غۇلجا شەھىرى ئىلى جاڭجۇنىغا بويسۇناتتى. 1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى گومىنداڭنىڭ 4 - پولكىنى تارمار قىلىپ كۈرە قەلئەسىنى ئازاد قىلدى. كۈرە ھازىر قورغاس ناھىيەسىنىڭ كۈرە يېزىسىغا قارايدىغان بىر كەنتى بولۇپ 896 ئىمىلك نوپۇس بار.

1929 - يىلى تۆمۈر قەپەزگە سولىنىپ ئۈرۈمچىگە پالانغان ئىبلاخۇن كۆككۆز بۇ مەنزىلنى مۇنداق قوشاققا قوشقان.

بىز ئىلىدىن چىققاندا،
دەريا ياقىلاپ ماڭدۇق.
ئامان بولغىن دوستلار دەپ،
كۆزىمىزگە ياش ئالدۇق.

سۈيدۈڭ. سۈيدۈڭ 84 يول، دېڭىز يۈزىدىن 630 مېتىر، كۈرەدىن 20 مېتر ئېگىز. سۈيدۈڭنىڭ ئەسلى ئىسمى ئوقارلىق ئىدى. سۈيدۈڭ قەلئەسى 1772-يىلى ياسالغان، لەشكەر بېشى ۋە چارلىغۇچى مۇپەتتىش تەيىنلەنگەن. 1888 - يىلى ناھىيە بولغان. ئەينى چاغدا 3625 مىلك تۇتۇن، 10465 مىلك نوپۇس بار ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى 1944 - يىلى 12 ئاينىڭ 28 - كۈنى سۈيدۈڭنى ئازاد قىلغان. 1966 - يىلى سۈيدۈڭ ناھىيىسى قورغاس ناھىيىسىگە قوشۇۋېتىلدى. ئەسلىدىكى سۈيدۈڭ ناھىيىسى ئەمەلدىن قېلىپ قورغاس ناھىيىسىگە قارايدىغان بىر بازارغا ئۆزگەردى. قورغاس ناھىيىسى سۈيدۈڭ بازىرىغا ئورۇنلاشتى. سۈيدۈڭ بازىرىنىڭ 1986 - يىلدىكى نوپۇسى 19 مىلك 324.

چىڭسىخوزا. چىڭسىخوزا 120 يول، دېڭىز يۈزىدىن 715 مېتىر، سۈيدۈڭدىن 85 مېتر ئېگىز. كونا چىڭسىخوزا ھازىر قورغاس ناھىيىسىنىڭ چىڭسىخوزا بازارلىق ھۆكۈمىتىگە تەۋەبىر كەنت بولۇپ، 1986 - يىلدىكى نوپۇسى 2599 مىلك.

لوسىگوڭ. لوسىگوڭ 138 يول، دېڭىز يۈزىدىن 800 مېتر، چىڭسىخوزىدىن 85 مېتر ئېگىز. لوسىگوڭ مۇھىم قونالغۇ ئۆتەڭ. ھازىر لوسىگوڭ قورغاس ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى.

قارا بۇلاق. قارا بۇلاق 156 يول، كىچىك ئۆتەڭ. قارا بۇلاقتىن ئۆتۈپ تەلكە تېغى ئىچىگە كىرىدۇ.

كونا كەڭساي . كونا كەڭساي 166 يول.

تالىلىق. تالىلىق 184 يول.

يېڭى كەڭساي . يېڭى كەڭساي (ئېرتەي) 204 يول، دېڭىز يۈزىدىن 1 مىڭ 780 مېتر، لوسىگوڭدىن 980 مېتر ئېگىز. لوسىگوڭدىن يېڭى كەڭسايغا كەلگىچە يول پەيدىنپەي ئېگىزلەيدۇ.

تەلكە داۋانبېشى. 224 يول، دېڭىز يۈزىدىن 2 مىڭ 200 مېتر، يېڭى كەڭسايىدىن 429 مېتر ئېگىز. غۇلجا يولىدىكى ئەڭ يامان داۋان. قارا بۇلاقتىن تەلكە داۋان بېشىغىچە سوزۇلغان ساي تەلكەسېيى دېيىلىدۇ. تەلكەسېيى ئىلى ئويمانلىقىغا ئۆتىدىغان مۇھىم ئۆتكەل بولۇپ، بۇ يەردە مەخسۇس ئەسكەر تۇرغۇزۇلغان. تەلكە سېيى يېشىللىققا پۈركەلگەن دەل دەرەخلىق، گۈزەل، سۇيى مول يايلاق بولۇپ، بۇ يەردە ياۋا ئالمىلار ناھايىتى مول بولىدۇ. تەلكەسېيى ئىچىدىكى يول تەلكە يولى دەپ ئاتىلىدۇ. داۋىنى ئۇزۇن ۋە تىك، يول ناھايىتى جاپالىق ئىدى. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز بۇ يول توغرىسىدا نۇرغۇن قوشاقلارنى قوشقان ۋە بۇ قوشاقلارنى ئاھاڭغا سېلىپ، ناخشا قىلىپ ئېيتىپ يول ئازابىنى، بالا - چاقا، ئۆي - ماكانىدىن ئايرىلىپ تارتقان جاپالىق كەچۈرمىشلىرىنى ئىپادىلەيتتى.

ئىلىدىن چىققان ھارۋا،
تەلكە داۋانغا يامىشى.
ئىلىنى خىيال قىلسام،
يىغلىماقا يامىشى.

تەلكىنىڭ داۋانىنىڭ،
ئىككى ئۆتىڭى تاشلىق.
تاش ئۆتەڭدىن ئۆتكىچە،
تۈگىشىپ كېتىدۇ ياشلىق.

تەلكىنىڭ يولى يامان،
جۇدۇن چاپقۇنى ئاندىن.
يوللاردا جاپا تارتىپ،
تويۇپ كەتتۇق بۇ جاندىن.

تەلكىدىن چىقىپ يولغا،
ئەرتەيگە بېرىپ يەتتۇق.
داۋاندا ئات تارتالمسا،
ياندافچى بولۇپ تارتتۇق.

سەنتەي يولىدا ياتما،
پاڭچەن بېرىپ دەڭدە يات.
ئۆزەڭ يىمەي ئاتقا بەر،
خار قىلمايدۇ ئەرنى ئات.

تۆمۈر قەيەز بىلەن يالاپ ئېلىپ مېڭىلغان ئېلاخۇن تەلكە ھەققىدە تۆۋەندىكى قوشاقلارنى ئېيتقان.

ئارىدا تۈنەپ ئىككى،     تەلكە دېگەن داۋاننىڭ،
تەلكىگە يېتىپ كەلدۇق.     مەنزىلى خويما يىراق،
چىرىك تىللىسا مەيلى،     چىرىكلەرگە سۇ دىسەڭ،
ناخشىنى ئېيتىپ كەلدۇق.     بىزدىن قاچىدۇ يىراق.

ياڭتۇق پونى تىكلەپتۇ،     تەلكىنىڭ داۋانىدىن،
تەلكىنىڭ داۋانىغا.     كارۋان توختىماي ئۆتكەن.
ئاخۇنۇم دۇئا قىلسۇن،     سۇلايمان يىغلىغان بىلەن،
ئېلاخۇن ئامانىغا.     ئېلاخۇن يىغلىماي ئۆتكەن.

تەلكىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق،
ئىلىدىن چىقىپ كەتتۇق.
باشقا چۈشكەن كۈنلەرنى،
قوشاقتا قېتىپ كەتتۇق.

سايرام. سايرام 766 يول. سايرام كۆلىنىڭ سۇ يۈزى دېڭىز يۈزىدىن 2073 مېتىر ئېگىز. تەلكىدىن سايرامغىچە يەر يۈزى پەسلەيدۇ.

سايرام كۆلى موڭغۇلچە «سەرىمنۇر» دېيىلىدۇ. بۇ، تاغ قىرىدىكى كۆل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كۆلىنىڭ شەرقتىن - غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 295 كىلومېتىر، جەنۇبتىن - شىمالغا كەڭلىكى 23.4 كىلومېتىر، ئومۇمىي ئايلانمىسى 865 كىلومېتىر. كۆلىنىڭ سۇ يۈزى 458 كىۋادرات كىلومېتىر. ئەڭ چوڭقۇر يېرى 90.5 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ ئېگىز تاغدىكى مەشھۇر كۆل ھېسابلىنىدۇ. كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقى بىر ئاز تىك. باشقا ئۈچ تەرىپى تىك ئەمەس. ئەتراپتىكى 26 تاغ بۇلىقى ۋە 20 نەچچە پەسىل خاراكتېرلىك تاغ ئېقىنى كۆلگە قۇيۇلىدۇ. كۆل سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 2.8% دىن يۇقىرى. چارۋا مال ئىچسە بولىدۇ. ئادەم ئىچمىشكە بولمايدۇ.

سايرام كۆلى. سوغاق، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. يامغۇر كۆپرەك ياغىدۇ. قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن بولىدۇ. ھاۋاسى كىشىگە ياقىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى سېلسىيە 1.1 گىرادۇس بولىدۇ. ئەڭ سوغاق ئاينىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى سېلسىيە نۆلدىن تۆۋەن 12.3 گىرادۇس، ئەڭ ئىسسىق ئاينىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى سېلسىيە 13.3 گىرادۇس بولىدۇ. قارچۈشۈش مەزگىلى ئادەتتە 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرى-

رىدىن كېلەر يىلىنىڭ 5 - ئىيىغىچە سوزىلىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 300 مىللىمېترغا يېتىدۇ. ئەتىياز، كۈز پەسىللىرى يېراقتىن قارىسىڭىز تاغ چوققىسىدىكى ئاپئاق قارلار، تاغ قاپتىلىدىكى قويۇق قارىغايلار، تاغ ئېتىكىدىكى ياپ - يېشىل ئوت - چۆپلەر، خۇشپۇراق چېچىپ تۇرغان رەڭلىك ياۋا گۈللەرنىڭ تەبىئى گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز.

قەدىمدىن تارتىپ تاھازىرغىچە نۇرغۇن شائىرلار كۆپلىگەن ئەسەرلىرىدە سايرام كۆلىنى ئالاھىدە تەسۋىرلىگەن. جۈملىدىن ئېلاخون كۆككۆز، ئابدۇل چولاق ناتارلىق قوشاقچىلار بۇ ھەقتە قوشاقلار قوشقان:

تەلكىدىن چىقىپ كەلسەك، سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ،
سايرام كۆلى كۆرۈندى، قىش كىرگەندە توڭلايدۇ.
ئايرىلىش يامان ئىكەن، غەم قىلما ئاغىينىلەر،
يۈرەك ئىككى بۆلۈندى. خۇدايىم باشنى ئوڭلايدۇ.

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ.
يائاقمايدۇ، تاشمايدۇ.
ئۇلۇمنىڭ نۆۋىتى يوقتۇر،
ياش - قېرىغا باقمايدۇ.

سىتەي. سىتەي 330 يول، دېڭىز يۈزىدىن 2160 مىڭ مېتر ئېگىز. سايرامدىن سىتەيگە كەلگىچە يەر يۈزى پەسلەيدۇ.

بۆرىتالا ئاچىلى. بۆرىتالا ئاچىلى 384 يول، دېڭىز يۈزىدىن 430 مېتر ئېگىز. سىتەيدىن 1730 مىڭ مېتر تۆۋەن.

ئۇتەي. ئۇتەي 394 يول، دېڭىز يۈزىدىن 380 مېتىر ئېگىز. بۆرىتالا ئاچىلىدىن 4 مېتىر تۆۋەن. بۇ مۇھىم ئۆتەك ۋە ئەسكەر تۇرىدىغان قورغان ئىدى. مىللىي ئارمىيە 1945 - يىلى كۈزدە ئازاد قىلغان. سايرام بىلەن ئۇتەي ئارىسى بوران - چاپقۇنلۇق، سۇسىز تاشلىق جاي. بۇ ھەقتە مۇنداق قوشاق بار:

تەلكىدىن چىقىپ سايرام، سەنتەي ئۇتەي ئارىلىقى،
ئەتراپى بوران - قاينام. ئىككى مەنزىل تاشلىق يول.
ئاتلارنى دەڭگە تارتتۇق، ئۇتەي دەڭدە كانتو بار.
ئۇتەيدە ئېلىپ ئارام، سەن ئۆزەڭگە ھېزى بول.

داخېيەنزى. داخېيەنزى 426 يول، دېڭىز يۈزىدىن 325 مېتىر ئېگىز، ئۆتەيدىن 55 مېتىر تۆۋەن. داخېيەنزى ئەينى ۋاقىتتا جىڭ ناھىيىسىگە قارايدىغان چوڭراق بىر يېزا ئىدى. ئۇرنى ھازىرقى تاشيولدىن 10 يول شىمالدا ئىدى. كوسەمچەك، ئاقتۆپەك دەريالىرى قوشۇلۇپ داخېيەنزى دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئاخىرى بۆرتالا دەرياسىغا قوشۇلۇپ ئېبىنور كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. داخېيەنزى دەرياسىدا ھازىرۋا ئۆتىدىغان كۆۋرۈك يوق ئىدى. 30 - يىللاردىن كېيىن ماشىنا يولى ياسىلىپ كۆۋرۈك سېلىنغان بولسىمۇ، ھازىرۋا ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلىنمايتتى.

قومۇشبۇلاق. قومۇشبۇلاق 476 يول، دېڭىز يۈزىدىن 312 مېتىر ئېگىز، داخېيەنزىدىن 13 مېتىر تۆۋەن. ھازىرقى تاشيولدىن (سامەنزىدىن) 9 يول شىمالدا ئىدى، 9 - 11 - ئايلاردا مالچىلار كېلىپ قارا ئۆي تىكىپ ئولتۇرىدۇ. قومۇشبۇلاق سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاق بولۇپ، بۇ جاي مال بېقىپ ئات ئۇلاقلارنى دەم ئالدۇرۇشقا قولايلىق

قىزىل زار. قىزىل زار 483 يول.

يۈنجىخو. يۈنجىخو 490 يول، كىچىك ئۆتەڭ. كونا ئۈرۈمچى — بۆرتالا يولى مۇشۇ ئۆتەڭدىن بۆرتالاغا ئايرىلاتتى.

باجاخو. باجاخو 506 يول، دېڭىز يۈزىدىن 315 مېتىر ئېگىز، قومۇشبۇلاقتىن 3 مېتىر ئېگىز. باجاخو — توغراقلىقۋە ئېگىز - پەس دۆڭلۈك. يەر شەكلى مۇرەككەپ ستراتېگىيىلىك ئورۇن. گومىنداڭ دەۋرىدە بۇ يەرگە ئىستىھكام ۋە پوتەيلەر سېلىنىپ كۈچلۈك قوشۇن تۇرغۇزۇلغان. 1945 - يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بۇ جايدا گومىنداڭ قوشۇنىنى تارمار قىلىپ جىڭ ناھىيىسىنى ئېلىشقا شەرت ھازىرلىغان.

جىڭ. جىڭ 524 يول، دېڭىز يۈزىدىن 310 مېتىر ئېگىز، باجاخودىن 50 مېتىر تۆۋەن. چىن، خەن سۇلالىسى ۋە ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرلىرىدە ھۇنلارغا تەۋە ئىدى. سۈي ۋە تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە غەربىي تۈركلەر ئىگىلىگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە موڭغۇل، جۇڭغار قەبىلىلىرىنىڭ يايلىقىغا ئايلانغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ خانىنىڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) جىڭ دەرياسى يېنىغا ئەنفۇ قەلئەسى سېلىنىدى. 1783 - يىلى ئەنفۇ قەلئەسىنىڭ شەرقىغە يېڭى قەلئە سېلىنىدى ۋە دۇسى تەيىنلەندى ۋە ئۈرۈمچى دوتىيىغا قارايدىغان بولدى. 1888 - يىلى ئىلى - تارباتاي ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى. ئەينى ۋاقىتتا بۆرتالا، ئارشاڭلار جىڭغا قارايتى. بۇ چاغدا جىڭ، بۆرتالا. ئارشاڭلاردا 542 تۈتۈن، 2 مىڭ 225 نوپۇس بار ئىدى. 1920 - يىلى بۆرتالا ئايرىم ناھىيە بولدى. 1939 - يىلى ئارشاڭ ئايرىم ناھىيە بولدى. ئۈچ

ۋىلايەت مىللى ئارمىيىسى 1945 يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلدى. 1954 ـ يىلى جىڭ بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدىغان بولدى. 1984 ـ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە جىڭ ناھىيىسىدە 93 مىڭ 300 نوپۇس، جىڭ بازىرىدا 8 مىڭ 160 نوپۇس بار.

قۇمبۇلاق. قۇمبۇلاق 570 يول. دېڭىز يۈزىدىن 230 مېتىر ئېگىز، جىڭدىن 80 مېتىر تۆۋەن. قۇمبۇلاق ئەتراپى قۇملۇق، دۆۋە ـ دۆۋە قۇم بارخانلىرى ۋە توغراقلار بىلەن قاپلانغان جاي. قۇمبۇلاق دەپ ئاتالغان بۇلاق قۇم دۆۋىسى ئىچىدىكى سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاقتۇر. قۇمبۇلاقتىن كۆل ئۆتەڭگە كەلگىچە يول ئىنتايىن جاپالىق. ئادەتتە هارۋىكەشلەر كېچىسى ئۆتىدۇ. هارۋىكەشلەر بۇ يول ھەققىدە تۆۋەندىكى قوشاقلارنى قوشقان.

قومۇش بۇلاق يودەنزە، ئىلى يولى يامان يول.
جىڭدىن ئۆتۈپ قۇم بۇلاق. ئوغۇل بالانى تاللايدۇ.
قۇمبۇلاقتىن ئۆتكىچە. پايلىماي چىقىپ قويۇپ.
تۈگىشىپ كېتىدۇ ئۇلاق. قۇمبۇلاقتا يىغلايدۇ.

كۆلئۆتەڭ. كۆلئۆتەڭ 642 يول. دېڭىز يۈزىدىن 400 مېتىر، قۇمبۇلاقتىن 170 مېتىر ئېگىز. كونا كۆلئۆتەڭ هازىرقى كۆلئۆتەڭدىن 6 يول شىمالدا ئىدى. هارۋا يولى كونا ئۆتەڭ بىلەن ماڭاتتى، بۇ ئۆتەڭ توغراقلىق، چاتقاللىق، ئوت ـ چۆپى مول ئىدى.

توغىراقچازا. توغراقچازا 672 يول. دېڭىز يۈزىدىن 370 مېتىر ئېگىز. كۆلئۆتەڭدىن 30 مېتىر تۆۋەن. هازىرقى تاشيولدىن 10 كىلومېتىر شىمالدا، جىڭ بىلەن شىخونىڭ چېگرىسى.

تاللىق. تاللىق 718 يول. دېڭىز يۈزىدىن 450 مېتىر. توغراق چازىدىن 40 مېتىر ئېگىز. مۇھىم قونالغۇ ئۆتەڭ، يول ئىتىل دەرياسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. دەريادا كۆۋرۈك يوق. ئورنى هازىرقى تاشيولدىن 12 يول شىمالدا.

چىغشور. چىغشور 772 يول. سازلىق، ئوت ـ چۆپلۈك جاي. موڭغۇللار ئولتۇراقلاشقان. يول چىغشور دەرياسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، ئورنى هازىرقى دۆڭبۇلاق (گاۋچيەن) دىن 10 يول شىمالدا ئىدى.

پىرتاۋى. پىرتاۋى 796 يول. ئورنى هازىرقى تاشيولدىن 12 يول شىمالدا.

گەنخمزى. گەنخمزى 822 يول، گەنخمزىگە كەلگەندە كونا ھارۋا يولى ھازىرقى تاشيولغا قوشۇلىدۇ.

شىخو. شىخو 848 يول، دېڭىز يۈزىدىن 500 مېتر. تاللىقتىن 50 مېتر ئېگىز. شىخونىڭ ئەسلى ئىسمى «ئۇسۇ» بولۇپ، بۇ تۈركچە سۆز. مەنىسى «ئوغۇز سۇ» ياكى «شىپالىق سۇ» دېگەن مەنىدە. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇسۇ دەپ خاتىرىلىنىپ كەلگەن. ھازىرمۇ خەنزۇلار ئۇسۇ دەيدۇ. شىخو ئەسلى ھازىرقى شىخونىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بىر سازلىق كەنتنىڭ ئىسمى. شىخو دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «غەربىي سازلىق» دېگەن بولىدۇ.

شىخو خەن سۇلالىسى ۋە ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرلىرىدە ھۇنلارغا. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقىغا تەۋە بولغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ ئۇيغۇرلار ئىگەللەپ كەلگەن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭغار قەبىلىلىرىنىڭ يايلىقى بولغان. 1762 - يىلى ئىش باشقۇرغۇچى ئامبال تەسىس قىلىنغان ۋە قوشۇن تۇرغۇزۇلغان. 1763 - يىلى چىڭسۇي قەلئەسى ياسالدى. 1783- يىلى چىڭسۇي قەلئەسى يېنىغا يېڭىدىن يەنە بىر قەلئە سېلىندى. 1913- يىلى ناھىيە تەسىس قىلىندى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى 1945 يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىخونى ئازاد قىلغان. ھازىر شىخو ناھىيىسىدە ئۈچ بازار، 12 يېزا بار، نوپۇسى 147 مىڭ 600. ھازىر شىخو بازىرىدا 28 مىڭ 660 نوپۇس بار (1986 - يىلدىكى سان).

كۈيتۈڭ. كۈيتۈڭ 878 يول، دېڭىز يۈزىدىن 460 مېتر ئېگىز، شىخودىن 40 مېتر تۆۋەن. كونا كۈيتۈڭ ھازىرقى كۈيتۈڭ شەھىرىدىن 10 يول غەرب تەرەپتە. ھازىرقى تاشيولنىڭ كۈيتۈڭ كۆۋرۈكىدىن 15 يول شىمالدا ئىدى.

سۇ ساتار. سۇ ساتار 902 يول. كۈيتۈڭ بىلەن يەنسخەي ئارىسى تاشلىق، سۇسىز چۆللۈك بولغاچقا، يەنسخەي بىلەن كۈيتۈڭ ئارىسىغا سىدىق ئىسىملىك بىر كىشى قۇدۇق قېزىپ پولۇچىلارغا سۇ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلغان. شۇڭا بۇ جاي سۇ ساتار دەپ ئاتالغان. ھارۋىكەشلەر بۇ جاينى مۇنداق تەسۋىرلىگەن.

كۈيتۈڭ دېگەن ئۆتەڭنىڭ،
بەكمۇ يامان پاشىسى.
سۇ ساتارنىڭ چۆلىدە،
قالدى ئۆتۈكنىڭ پاشىنىسى.

سۇ ساتارنىڭ چۆلىدە،     يەنسخەيگە يەتكىچە،
بىر قاپاق سۇ بىر تەڭگە.     سۇ ساتاردا ھاردى ئات،
سەن ۋە دەڭگە ۋاپا قىل،     سۇ ساتارنىڭ چۆلىگە.
ئېپ بارىمەن چاشتەڭگە.     يېنىپ كەلمەسمەن پەندىيات.

يەنسخەي. يەنسخەي 948 يول، دېڭىز يۈزىدىن 440 مېتر ئېگىز، كۈيتۈڭ-دىن 20 مېتر تۆۋەن. يەنسخەي ئۆتمگى ھازىرقى تاشيولنىڭ يەنسخەي كۆۋرۈ-كىدىن 11 يول شىمالدا ئىدى، يول يەنسخەي دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ ساندۇخ-وزىغا بارغاندا يېڭى تاشيولغا قوشۇلىدۇ.

ساندۇخۇزا. ساندۇخۇزا (يېڭى ساۋەن) 1010 يول. دېڭىز يۈزىدىن 525 مېتر. يەنسخەيدىن 85 مېتر ئېگىز. ساندۇخۇزا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالدىنقى سەپ باش قوماندان شتابى جايلاشقان ئورۇن. يەنسخەي بىلەن ساندۇخۇزا ئارىلىقىدا ئىستىھكاملار بار ئىدى.

ئالاۋۇسۇن. ئالاۋۇسۇن 1046 يول. دېڭىز يۈزىدىن 440 مېتر ئېگىز، ساندۇخوزىدىن 85 مېتر تۆۋەن.

شىخەنزە. شىخەنزە 1080 يول. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى يىللىرىدا مىللىي ئارمىيە پولكى شتابى تۇرغان جاي. دېڭىز يۈزىدىن 460 مېتر، ئالاۋۇسۇندىن 20 مېتر ئېگىز. ھازىرقى شىخەنزە شەھىرىدە 210 مىڭ نوپۇس بار (1986-يىلىدىكى سان).

ماناس دەرياسى. ماناس دەرياسى 1106 يول. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى يىللىرىدا ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭنىڭ چېگرىسى ئىدى.

ماناس. ماناس 1112 يول. دېڭىز يۈزىدىن 470 مېتر ئېگىز، شىخەنزىدىن 10 مېتر تۆۋەن. ماناس خەن سۇلالىسى ۋە ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرلىرىدە ھۇنلارغا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ئېگىز ھارۋىلىقلار (ئۇيغۇرلار) غا تەۋە ئىدى. شىمالىي سۇلالە دەۋرىدە تۈركلەرگە تەۋە بولدى. سۇي سۇلالىسى ۋە يۈەن سۇلا-لىسى دەۋرلىرىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا تەۋە بولغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە موڭغۇللارنىڭ يايلىقى بولدى. 1763 - يىلى بۇ يەرگە سۈيلەي قەلئەسى ياسالدى. 1778 - يىلى سۈيلەي ناھىيىسى تەسىس قىلىندى. سۈيلەي ناھىيىسى يېڭى قۇرۇل-غاندا بۈگۈنكى ماناس بىلەن ساۋەننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1915 - يىلى ساۋەن ئايرىلىپ چىقىپ ئايرىم ناھىيە بولدى. سۈيلەي دېگەن ئىسىم مەنا جەھەتتىن ياخشى بولمىغاچقا، ئازادلىقتىن كېيىن 1953 - يىلى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى بىلەن

سۇيلەي ناھىيىسى ماناس ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى. ماناس 1914 - يىلدىن 1957 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە تەۋە ئىدى، 1958 - يىلدىن كېيىن سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدىغان بولدى. ھازىر ماناس ناھىيىسىدە 2 بازار، 9 يېزا بار. نوپۇسى 139 مىڭ 400. ماناس بازىرىدا 19 مىڭ 572 نوپۇس بار.

باۋجادەن. باۋجادەن 1132 يول. دېڭىز يۈزىدىن 480 مېتىر، ماناستىن 10 مېتىر ئېگىز.

لوتوي. لوتوي 1154 يول.

تۇغۇل 1174 يول. دېڭىز يۈزىدىن 540 مېتىر، باۋجادەندىن 60 مېتىر ئېگىز. ھازىرقى تاشيولدىن بىر يول شىمالدا.

ئىشەك سويدى. ئىشەك سويدى بىر كەنت.

قۇتۇبى. قۇتۇبى 1232 يول، دېڭىز يۈزىدىن 520 مېتىر ئېگىز، تۇغۇل ئۆتەڭدىن 20 مېتىر تۆۋەن، كونا يول قۇتۇبى دەرياسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ ئۆتەڭلەرنى ئابدۇل چولاق قوشاقلار بىلەن تەسۋىرلىگەن.

لوتو دېگەن بىر ئۆتەڭ،
تۇغۇلمۇ بىر ئۆتەڭ.
قۇتۇبىدىن ئۆتكەندە،
سانجى دېگەن ئۆتەڭ..

قۇتۇبىنىڭ تارىخى ماناسنىڭ تارىخىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ( 265 - 420 - يىللىرى) ئېگىز ھارۋىلىقلار (ئۇيغۇرلار) غا تەۋە ئىدى. 1986 - يىلدىكى مەلۇمات بويىچە قۇتۇبى ناھىيىسىدە ئۈچ بازار، تۆت يېزا بار. نوپۇسى 62 مىڭ 600. قۇتۇبى بازىرىدا 11 مىڭ 143 نوپۇس بار.

قارىياغاچلىق ( يۈيشۇگو). قارىياغاچلىق 1276 يول. قارىياغاچلىقتىن چىققان ھارۋا سەنتۇڭخې، ئېرتۇڭخې دەريالىرىدىن ئۆتۈپ سانجىغا كېلىپ قونىدۇ.

سانجى. سانجى 1 مىڭ 310 يول، دېڭىز يۈزىدىن 610 مېتىر، قۇتۇبىدىن 90 مېتىر ئېگىز. سانجى جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئېگىز ھارۋىلىقلار (ئۇيغۇرلار) غا، شىمالىي خانلىقلار دەۋرىدە تۈركلەرگە تەۋە بولغان. ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ بەش شەھىرىنىڭ بىرى ئىدى. مىڭ سۇلالىسى يىللىرىدا موڭغۇل قەبىلىلىرى ئورۇنلاشقان.

1762 - يىلى ئىگىبەن قەلئەسى ياسالدى (ئۈرنى بۈگۈنكى ئېرگولۇك يېزىسىدا). 1773 - يىلى ئىگىبەن قەلئەسىدە سانجى ناھىيىسى تەسىس قىلىندى. سانجى ناھىيىسى كېيىن ھازىرقى ئۈرنىغا يۆتكەلگەن. سانجى ئىلگىرى ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە قارايتتى. 1954 - يىلدىن كېيىن سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدىغان بولدى. 1983 - يىلى سانجى ناھىيىسى سانجى شەھىرى بولدى. ھازىر سانجى شەھىرىگە بەش مەھەللە، 8 يېزا، 65 كەنت قاراپدۇ. نوپۇسى 236 مىڭ 500. سانجى دېگەن يەر نامى تـوغرىسىدا مـەھمۇت قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «ياغى بالىق بەش ئۇيغۇر شەھىرىنىڭ بىرى» دەپ كۆرسەتكەن.

تۇدۇڭ گەيزى. تۇدۇڭ گەيزى 1320 يىل.

شودىيۇپـۇ. شودىيۇپۇ 1344 يىل. دېڭىز يۈزىدىن 624 مېتر، سـانجىدىن 14 مېتر ئېگىز.

دادىيوپۇ. دادىيوپۇ 1357 يىل، دېڭىز يـۈزىدىن 695 مېتر، شودىيۇپـۇدىن 71 مېتر ئېگىز.

يىقىلغانتاش. يىقىلغانتاش 1368 يىل.

پوشكال گەنزە. پوشكال گەنزە 1375 يىل.

ئـۈرۈمچى چوڭ كۆۋرۈك. ئۈرۈمچى چوڭ كۆرۈك 1383 يىل.

ئۈرۈمچى — جىن سۇلالىسى يىللىرىدا ئېگىز ھـارۋىلىقلار (ئۇيغۇرلار) غا تەۋە ئىدى. كېيىن تۈركلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. ئىدىقۇت خاندانلىقى يىللىرىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىگە تەۋە ئىدى. يۈەن سۇلالىسى يىللىرىدىمۇ بـەش ئۇيغۇر شەھىرىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ئىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ يايلىقى بولغان.

1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن ئۈرۈمـچى ئـۆلكە مەركىزىگە ئايلاندى. ئۈرۈمچى 1945 - يىلى شەھەر دەپ ئېلان قىلىندى.

غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە 20 مەنزىل ئىدى. ھارۋىكەشلەر 20 مـەنـزىلنى بېسىپ ئۈرۈمچىگە كەلگىچە يەم - خەشەك، يەم بوغۇزلىرى تـۈگەپ ئاتلىرى جـۈدەپ ئاران كېلەتتى. ھارۋىكەشلەر يول بويى دەڭلەردە يېتىپ چىقىمدار بولۇپ، تەييارلىغان ئىقتىسادلىرىدىن ئايرىلاتتى. بەزى قول ئىلكىدە بار، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغانلىرى ۋاقتىدا قايتىپ كېتەلـەيتى. ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغانلار ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن يەنە ئالۋاڭغا تۇتۇلۇپ تۇرپان، قۇمۇللارغا مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتى.

پۇلـى يوق، كۆپ ئىش كۆرمىگەن ھارۋىكەشلەر ئات - ئۇلاقلىرىدىن ئايرىلىپ يۇرتىغا كېتەلمەي، يازلىقى مەدىكارچىلىق قىلاتتى. بەزىلىرى دېھقانلارغا يىللىقچى